# خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق نۇقتىئىنەزەرىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە نەزەر

**ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى**

Campaign for Uyghurs



## ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى ھەققىدە

ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى شەرقىي تۈركىستاندىكى (خىتايچە «شىنجاڭ»دەپ ئاتىلىدۇ) ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە دېموكراتىك ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن قۇرۇلغان تەشكىلاتتۇر. بۇ تەشكىلات ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە ئۇيغۇر ياشلىرى مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ؛ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى خەلقئارا جامائەتكە ئاڭلىتىش، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش ئۈچۈن شەخسلەر ۋە ئىجتىمائىي ئورگانلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىدۇ، ئۇلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرىدۇ ھەمدە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىدۇ.

## بۇ دوكلات ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەييارلاندى

مۇقاۋىدىكى رەسىم: خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدىكى لاگېرغا يىغىۋېلىنغان بۇ ئۇيغۇرلار «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش» لېكسىيەسىنى ئاڭلاشقا مەجبۇرلانماقتا. (ۋاقتى: 2017-يىل، 3-ئاي) شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋىچات ھېسابىدا تارقالغان.

instagram.com/campaignforuyghurs/
facebook.com/CampaignForUyghurs/
twitter.com/CUyghurs

© 2020 Campaign for Uyghurs
1101 Pennsylvania Ave NW, Suite 300 |
Washington, DC 20004
+1.240.660.8877 |
campaignforuyghurs.org |
contact@campaignforuyghurs.org

# مۇندەرىجە


1. مۇقەددىمە ........ 5
2. شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ساۋات ........ 5
3. «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى»دە ئېنىقلىما بېرىلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ........ 7

1) «ئىرقىي قىرغىنچىلىق»سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ........ 7

2) «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى»نىڭ ئىمزالىنىشى ........ 7

3) ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە تۈرلىرى ........ 8

4. شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى ........ 10

1) مىللەت ئەزالىرىغا ئېغىر دەرىجىدە جىسمانىي ۋە روھىي زەربە بېرىش ........ 11

2) مىللەت ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى قىسمەن ياكى تامامەن ۋەيران قىلىش ........ 13

① خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلانىڭ ئۆيلىرىدە مەجبۇرىي تۇرغۇزۇلۇشى ........ 15

② ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ خىتايلارغا مەجبۇرىي ياتلىق قىلىنىشى ........ 16

③ مەجبۇرىي ئەمگەك ........ 17

④ خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئىگىلىۋېلىشى ........ 18

3) مىللەت ئەزالىرىنىڭ كۆپىيىشىنى چەكلەش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىش ........ 19

① مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش ........ 19

② لاگېردىكى ئاياللارغا قەرەللىك دورا بېرىش ۋە باسقۇنچىلىق قىلىش ........ 20

4) مىللەت پەرزەنتلىرىنى يات مىللەتنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش ........ 22

① ئاتا-ئانىسىنى لاگېرلارغا، بالىلىرىنى يېتىمخانىلارغا سولاش.................................22
② بالىلارنى خىتايچە تەربىيەلەش.................................23
5. تەكلىپلەر.................................24
6. نەتىجە ۋە خۇلاسە.................................28

# 1. مۇقەددىمە

شەرقىي تۈركىستان، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاتىشى بويىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ئەڭ ئېغىر رايون دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسى سىياسىي ۋە رايون ئىستراتېگىيىسى سەۋەبىدىن ئۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرگە ھەددىدىن ئارتۇق زۇلۇم سالماقتا. بولۇپمۇ 2014-يىلدىن بېرى ئۇيغۇرلارنى سىستېمىلىق ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ ئۇلارنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ھادىسىلەر 1948-يىل ئىمزالانغان «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى»دا ئېنىقلىما بېرىلگەن جىنايەتلەر بىلەن ئوخشاش. ناتسىستلار يەھۇدىيلارنى يوقىتىش ئۈچۈن قۇرغان جازا لاگېرلىرىغا ئوخشايدىغان ئاتالماش قايتا تەربىيەلەش مەركىزىدە يۈز بەرگەن جىنايەتلەر، يەنى ئۇيغۇر خەلقىنى، ئۇلارنىڭ تىلى، دىنى ۋە مەدەنىيىتىنى يوق قىلىشنى مەقسەت قىلغان باستۇرۇشلار ئىرقىي قىرغىنچىلىققا كىرىدىغان «بىر مىللەتنىڭ ئەزالىرىغا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن زەربە بېرىش، مىللەت ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى قىسمەن ياكى تامامەن ۋەيران قىلىش، مىللەت ئەزالىرىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىنى چەكلەش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىش، مىللەت پەرزەنتلىرىنى ئۆز مۇھىتىدىن ئايرىۋېتىش» قاتارلىق جىنايەتلەرنىڭ يۈزلىگەن مىساللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دوكلاتتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى تىلغا ئېلىنىش بىلەن بىرگە، يۇقىرىقى جىنايەتلەر بىرمۇ بىر بايان قىلىنىدۇ.

خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى، كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە سارىيى فوندىنىڭ ئەزاسى ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسەتلىرى تەتقىقاتىدا ئالدىدا كېتىۋاتقان تەتقىقاتچى دوكتور ئادرىيان زېنىز ئۆتكەندە خىتايدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇغماسلىق ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇلغانلىقى ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلدى. دوكلاتتا بېرىلگەن سانلىق مەلۇماتلار ھەقىقىي ۋە ئىشەنچلىك. بۇ دوكلات بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئىمزالانغان «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى»غا ئاساسەن تەييارلاندى، دوكلاتتىكى مەلۇماتلار بولسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇس قىرغىنچىلىقىنى ئاشكارىلىۋەتكەن رەسمىي ھۆججەتلىرىگە ئاساسەن توپلاندى.

# 2. شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە قىسقىچە ساۋات

شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، قازاقىستان، موڭغۇلىيە، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، رۇسىيە، ئافغانىستان، ھىندىستان ۋە پاكىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، يەر كۆلىمى 1 مىليون 800 مىڭ كۇۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى 20 مىليوندىن ئاشىدۇ. خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى بۇ رايونغا خىتاي كۆچمەنلىرىنى پىلانلىق يۆتكەپ، نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن بولۇپ، ئىلگىرى بۇ

رايوندىكى نوپۇسنىڭ 5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان خىتايلار بۇگۈن نوپۇسنىڭ 45 پىرسەنتىدىن 50 پىرسەنتىگىچە نىسبەتنى ئىگىلىمەكتە.[1]

شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خىتاينىڭ ئىچكى ئىشى دەپ قاراش پۈتۈنلەي خاتا. تارىخقا نەزەر سالساق، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بۇ رايوننى 1949-يىل سوۋېت ستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشغال قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئۆز رايونى دەپ ئېلان قىلغان. 1949-يىلدىن ئىلگىرىكى تارىخقا قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار مىلادىيە 880-يىل بۇ زېمىندا قاراخانىلار خانلىقى قۇرغان، زېمىنى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيگەن بۇ خانلىق 1218-يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار تاكى 1750-يىلغىچە تۈرك-موغۇل ھاكىمىيىتىدە سەلتەنەت سۈرگەن. 1750-يىل ئىشغالىيەت ئاستىغا چۈشۈپ قالغان ئۇيغۇرلار، ئەزەلدىن ھۆر، مۇستەقىل ياشاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۇنداق مۇستەملىكىنى قوبۇل قىلمىغان، پۇرسەت تاپقان ھامان ئىشغالچى كۈچلەرگە قارشى كۆرەش قىلىپ كەلگەن ۋە ئۆلارنى ئۈچ قېتىم مەغلۇب قىلىپ، مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرغان. بىرىنچى قېتىملىقى، 1863-يىل ياقۇپ بەگ قۇرغان خانلىق بولۇپ، ئۇن نەچچە يىللا ھۆكۈم سۈرگەن. 1876-يىل شەرقىي تۈركىستاننى قايتا ئىشغال قىلغان مانجۇ خاندانلىقى بۇ رايوننىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ «شىنجاڭ»(يېڭى تېرىتورىيە) دەپ ئاتىغان.[2]

1931-يىل قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتىلىغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار 2-قېتىملىق دۆلەت قۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلىغان ۋە 1933-يىل قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان. بۇ مەزگىلدە خىتاي بىلەن سىياسىي مەنپەئەتى تېخى بىرلىككە كەلمىگەن سوۋېت ستالىن ھۆكۈمىتى دەسلەپتە ئۇنى قوللىغان بولسىمۇ، كېيىن بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ئىشغال قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرگە ئۈرنەك بولۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەن ۋە بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان. ئەمما ئۇيغۇر خەلقى بۇ كۆرەشتىن ئىزچىل ۋاز كەچمىگەن ۋە 1944-يىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قايتا قۇرۇپ چىققان.

2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە رەھبەرلىرى ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا خەرىتىسىنى سىزىش ئۈچۈن يالتادا توپلاندى. 1945-يىل 2-ئايدا ئېچىلغان بۇ يىغىندا ياۋروپا ۋەزىيىتى، شۇنداقلا رۇسلارنىڭ ئارقا ھويلىسى دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ تەقدىرى بېكىتىلدى. سوۋېت ئارمىيىسى ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان بولدى. شۇ يىل 7-ئايدا خىتاي بىلەن سوۋېت رەھبەرلىرى موسكوۋادا كۆرۈشۈپ، خىتاي-سوۋېت كېلىشىمى تۈزدى. بۇ كېلىشىم بىلەن سوۋېت ھاكىمىيىتى، يالتا يىغىنىدا ئامېرىكىدىن ئېلىنغان تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرىشنى توختاتتى.[3] شۇنداق بولسىمۇ، 2-قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى 1949-يىل ماۋ زېدۇڭ ئەسكەرلىرى بۇ رايونغا بېسىپ كىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

[1]«شەرقىي تۈركىستان»، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، 2020، https://www.uyghurcongress.org/en/east-turkistan-2/
تورغا كىرگەن ۋاقىت:2020-يىل 12-ئۆكتەبىر

[2]ئابدۇرۇسۇلوۋ، ئابدۇجېلىل، (2019، 12-فېۋرال)، «ئۇيغۇرلارنىڭ باستۇرۇلۇشى: خىتاي لاگېرىدا 7 كۈن قالدىم.
https://www.bbc.com/news/world-asi-47157111

[3]خاۋ شيۆەن (2020)، «خىتاينىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى»، Springer, Singapore

شەرقىي تۈركىستان 1949-يىلدىن بېرى خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ ئىشغالىيىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. شۇندىن بۇيان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەر دىنىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاندى ھەمدە پىلانلىق، سىستېمىلىق ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىشقا ئۇچراپ كەلدى. 2001-يىل «11-سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلاغا «تېررورلۇق» قالپىقىنى كەيدۈرۈپ قاتتىق باستۇرۇپ كەلدى ھەمدە خەلقئارانى بۇ قالپاق بىلەن قايىل قىلىشقا ئۇرۇندى. خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە 2009-يىل ۋە 2014-يىل يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇيغۇرلارغا «قىلچە رەھىم قىلماسلىق»جىنايىتى يۈرگۈزۈپ كەلدى. ھالبۇكى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشى بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، 2013-يىل يولغا قويۇلغان «بىر بەلۋاغ بىر يول» لىنىيەسىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولغان شەرقىي تۈركىستان زېمىنى خىتاي ئۈچۈن ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتى چوڭ رايوندۇر. شۇڭا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلىپىنى رەت قىلىپلا قالماستىن بەلكى بۇ رايوندا كەڭ-كۆلەمدە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى.

## 3. «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى»دە ئېنىقلىما بېرىلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق

### 1) «ئىرقىي قىرغىنچىلىق»سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى

«ئىرقىي قىرغىنچىلىق»دېگەن بۇ سۆز 1944-يىلدىن باشلاپ ئىشلىتىلگەن. 1944-يىل پولشالىق يەھۇدىي رافائىل لەمكىن بۇ سۆزنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كۆنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. لەمكىن گرېكچىدىكى «مىللەت، قەۋم ياكى قەبىلە»دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «geno» سۆزى بىلەن «ئۆلتۈرۈش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «cide» سۆزىنى بىرلەشتۈرۈپ، «genocide» (ئىرقىي قىرغىنچىلىق) دېگەن سۆزنى ياساپ چىققان. لەمكىن بۇ سۆزنى «بىر مىللەتنىڭ ئەزالىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى پىلانلىق، سىستېمىلىق ھالدا ۋەيران قىلىش»دەپ چۈشەندۈرگەن. 1945-يىل خەلقارا ھەربىي سوت گېرمانىيەنىڭ نۇرېمبېرگ شەھرىدە سوت ئېچىپ، ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزدى»دەپ ئەيىبلىگەن. بۇ سوتلاشتا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېگەن سۆز قانۇن ئاتالغۇسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى جىنايەتنى تەسۋىرلەشتە قوللىنىلغان.[4]

### 2) «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى»نىڭ ئىمزالىنىشى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي كېڭەشنىڭ 1948-يىل 12-ئاينىڭ 9-كۈنى پارىژدا ئېچىلغان چوڭ يىغىنىدا(III) 260A ماددىلىق قارارى بىلەن «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى»

[4] www.un.org/en/genocideprevention/genocide.shtml تور بېتىدىن ئېلىندى.

ئىمزالانغان ۋە ئەزا توپلانغان. 19 ماددىدىن تەشكىل تاپقان بۇ ئەھدىنامە 1951-يىل 1-ئاينىڭ 12-كۈنى رەسمىي كۈچكە ئىگە بولغان. تۈركىيە بۇ كېلىشىمگە 1950-يىل 3-ئاينىڭ 23-كۈنى ئىمزا قويغان. خىتاي بولسا بۇ ئەھدىنامىگە 1949-يىل 7-ئاينىڭ 29-كۈنى ئىمزالىغان، 1983-يىل قوبۇل قىلغان.[5]

### 3) ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە تۈرلىرى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا قوبۇل قىلىنغان بۇ قارار، ھەر قايسى تارىخىي دەۋردە بۇنداق جىنايەت تەكرارلىنىشى مۇمكىن دېگەن ئەندىشە كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئىنسانلارنى بۇ بالايى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن خەلقئارانىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن تەييارلانغان قارارلاردۇر. ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ بۇ ئېنىقلىمىسى، بۇ ئەھدىنامىگە قول قويغان دۆلەتلەرنىڭ مەيلى ئۇرۇش ياكى تىنچلىق مەزگىلىدە بولسۇن، بۇنداق قىلمىش يۈز بەرگەن ھامان خەلقئارا قانۇن بويىچە جىنايەت دەپ بېكىتىلىدىغان بەش ماددىدىن تەركىب تاپقان.

بۇ ماددىلارغا ئاساسەن، مىللىي، ئىرقىي ياكى دىنىي كوللېكتىپنى قىسمەن ياكى تامامەن يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ ھەر بىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىلمىشلار تۆۋەندىكىچە:

- بىر مىللەت ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈش؛
- بىر مىللەت ئەزالىرىنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېغىر زەربىگە ئۇچرىتىش؛
- بىر مىللەت ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى قىسمەن ياكى تامامەن ۋەيران قىلىش؛
- بىر مىللەتنىڭ كۆپىيىشىنى توختىتىش ئۈچۈن چارە قوللىنىش؛
- بىر مىللەتنىڭ پەرزەنتلىرىنى تارتىۋېلىپ، ياتلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش.[6]

كېيىنكى بايانلىرىمىزدا بۇلارنى تەپسىلىي بايان قىلغاندا كۆرۈلىدۇكى، خىتاي كومپارتىيىسى يۇقىرىقى جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى سادىر قىلدى ۋە بۇنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش، بۇ جىنايەتنى ئېلىپ بېرىشقا ياردەم بېرىش، بۇ جىنايەتكە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا كۈشكۈرتۈش، بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارنى جازالاش كېرەكلىكى مەركۈز ئەھدىنامىنىڭ 3-ماددىسىدا بېكىتىلگەن. 4-ماددىدا بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەر ئۈچۈن ئەمەلدار ياكى مەمۇر دېگەندەك ھەر قانداق باھانە ۋە كەچۈرۈمنىڭ بولمايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

---

[5] تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى كىشىلىك ھوقۇقنى تەكشۈرۈش كومىتېتى. «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى»، ئاممۋى تەپتىش ئورگىنى. https://www.ombudsman.gov.tr/contents/files/32702«ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى» pdf ھۆججىتى

[6] تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى كىشىلىك ھوقۇقنى تەكشۈرۈش كومىتېتى.

ئەھدىنامىگە قول قويغان دۆلەتلەرنىڭ بۇ ھەقتە قانۇن چىقىرىشى كېرەكلىكى 5-ماددىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، سوتلاشنىڭ شۇ دۆلەت ياكى خەلقئارادىكى بىر سوتتا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى 6-ماددىدا بېكىتىلگەن. بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەر قايسى دۆلەتتە بولسا بولسۇن، چوقۇم ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ سىياسىي جىنايەت دەپ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى ئەھدىنامىنىڭ 7-ماددىسىدا بېكىتىلگەن. ئەھدىنامىگە ئىمزا قويغان دۆلەتلەرنىڭ زۆرۈر تېپىلغاندا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن ياردەم تەلەپ قىلسا بولىدىغانلىقى، لازىم بولغاندا تەرەپدارلارنىڭ بىرىنىڭ تەلىپى بىلەن دەۋانىڭ خەلقئارا سوتقا سۇنۇلۇشىمۇ ئەھدىنامىنىڭ باشقا ماددىلىرىدا كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان.[7]






(ختاي ھۆكۈمىتى قۇرئان كەرىم، جايناماز ۋە باشقا دىنىي ماتېرىياللارنى كۆيدۈرۈش بۇيرۇقى بەردى. — Freedoms (Herald

ئەھدىنامىنىڭ ماددىلىرىغا قارىساق، ئاۋۋال شۇنى ئېيتىشىمىز كېرەككى، بۇ يەردە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى بېكىتىشكە دائىر ئۆلچەم يوق. بۇنىڭ دائىرىسى بۈگۈنكە قەدەر كۆرۈلگەن خەلقئارا دەۋالار نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. تۇغما ئالاھىدىلىك بولغان ۋە بىر مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىللىي، ئىرقىي ۋە دىنىي ئالاھىدىلىكلەر مۇھىمدۇر. سىياسىي ۋە مەدەنىي ئالاھىدىلىكلەر بۇ ئەھدىنامىگە كىرمەيدۇ.[8] بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ھەم تۈرك، ھەم مۇسۇلمان بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن مىللىي ۋە دىنىي جەھەتتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ.

يەنە بىر نۇقتا شۇكى، مەزكۇر ئەھدىنامىگە كۆرە، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى بىر مىللەت ئەزالىرىنى قىسمەن ياكى تامامەن يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان جىنايەت بولۇشى كېرەك. يەنى بۇ جىنايەت مەلۇم شەخسكە ئەمەس، بەلكى كوللېكتىپقا قارىتىلغان بولۇشى كېرەك.

بۈگۈن ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەچچە مىليون ئۇيغۇرنى لاگېرلارغا ۋە تۈرمىلەرگە سولاپ ئۆلتۈرۈشى پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان قورقۇنچلۇق جىنايەتتۇر. مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى

[7]تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى كىشىلىك ھوقۇقنى تەكشۈرۈش كومىتېتى.
[8]باھادىر ئۆزئارسلان (2014)، «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى نۇقتىسىدىن خوجائەلى قەتلىئامى»، ھاجەتتەپە ئۈنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتى ژۇرنىلى. http://www.hukukdergi.hacettepe.edu.tr/dergi/C4S1makale9.pdf

شۇكى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى مىللەتنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس، بىر قىسمىنى يوقىتىشمۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە كىرىدۇ. بۇ يەردە بىر مىللەتنىڭ قىسمەن ئەزالىرىنى يوقىتىش جىنايىتىنى تەكشۈرگەندە ئۇنىڭغا سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن قاراش كېرەك بولىدۇ. سان جەھەتتىن، بىر مىللەتنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ يوقىتىلىشى، يەنى يوقىتىش نىشان قىلىنغان قىسمى بىلەن تىرىك قالغانلار ئارىسىدىكى قىياسمۇ بىر ئۆلچەم سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان مەنتىقىلىق نىسبەتمۇ يېتەرلىك پاكىت بولالايدۇ. سۈپەت جەھەتتىن دېگەندە، بىر مىللەتنىڭ رەھبەرلىرى، سەر خىل ئادەملىرى ۋە مۇھىم شەخسلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.[9] خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تامامەن دېگۇدەك لاگېرلارغا سولاشقا ئۇرۇنۇشى، بولۇپمۇ شائىرلاردىن تارتىپ پروفېسسورلارغىچە، تەتقىقاتچىلاردىن تارتىپ يازغۇچىلارغىچە داڭلىق كىشىلەرنى ئالدى بىلەن قەستلىشىنى نەزەردە تۇتقاندا، خىتاينىڭ بىر مىللەت ئەزالىرىنى تامامەن ياكى قىسمەن يوقىتىۋېتىشنى نىشان قىلغانلىقى كۆرۈلمەكتە.



(ئۇيغۇرلار، قازاقلار ۋە باشقا تۈرك مۇسۇلمانلىرى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنغان، تىكەن سىم بىلەن قورشالغان بىر لاگېرنىڭ كۆزىتىش مۇنارى. بۇ لاگېر شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ناھىيىسىگە جايلاشقان. - Greg Baker/AFP (Getty Images

## 4. شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى

[9] باھادىر ئۆزئاراسلان.

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ۋە يوقىتىش نىشانى بولۇپ كەلگەنلىكىنى بۇ يەردە ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەك. ئۇيغۇر خەلقى 1949-يىلدىن بۇگۈنگىچە ھەر قايسى دەۋرلەردە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ خىلمۇ خىل سىياسەت ۋە ۋاسىتىلەر بىلەن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىشقا ئۇچرىغان بولۇپ، تا بۈگۈنگىچە خىتاينىڭ جاھانگىرلىك قارا نىيىتىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر خەلقىنى تامامەن يوق قىلىۋېتىش پىلانى تېخى تولۇق ئىجرا قىلىنمىغان بولغاچقا، يۇقىرىقى ئەھدىنامىدىكى «بىر مىللەت ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈش» جىنايىتى توغرۇلۇق قولىمىزدا يېتەرلىك مەلۇمات يوق. ھالبۇكى مەزكۇر ئەھدىنامىدىكى جىنايەتلەرنىڭ ھەر قانداق بىرىنى سادىر قىلىش ئىرقىي قىرغىنچىلىققا كىرىدۇ ۋە ئۇنى جازالاش كېرەك بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلقى ئۇچراۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

### 1) مىللەت ئەزالىرىغا ئېغىر دەرىجىدە جىسمانىي ۋە روھىي زەربە بېرىش

يۇقىرىقى ئەھدىنامىنىڭ 2-ماددىسىدا تىلغا ئېلىنغان جىنايەتنىڭ نەچچە يۈز خىل تۈرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزۈلمەكتە. بولۇپمۇ 2014-يىلدىن كېيىن قۇرۇلغان يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا يۈز بەرگەن پاجىئەلەر ۋە بۇ لاگېرلاردىن قۇتۇلۇپ چىقالىغانلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى بۇنىڭغا يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ. مىسال ئۈچۈن، لاگېر شاھىدى مىھرىگۈل تۇرسۇننىڭ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى مۇھىمدۇر. مىھرىگۈل تۇرسۇن 3 قېتىم تۇتۇلغان بولۇپ، ئاخىرقى قېتىم لاگېرغا سولانغان. «مەن شۇ قىيناشلارغا چىدىماي، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار دەپ يالۋۇردۇم»دېگەن مىھرىگۈل، قاماقتىكى كۈنلىرىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇيقۇسىزلىقتا سوراققا تارتىلغان، نامەلۇم ئوكۇللار ئۇرۇلغان، بېشىغا توك ئەسۋاب تاقىلىپ، ئاغزىدىن كۆپۈك قايىنغىچە توك زەربىسى بېرىلگەن. مىھرىگۈل ئۆزىنىڭ پەقەت ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق قىيىن-قىستاقلارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئېيتقان.[10]



(مىھرىگۈل تۇرسۇن، خىتاينىڭ يىغىۋېلىش لاگېرىغا سولانغان ئۇيغۇر ئايال. -Yenişafak©)

[10] Cockburn, Harry (2018، 28-نويابىر). «مۇسۇلمان ئايال خىتاي لاگېرىدىكى قىيىن-قىستاق ۋە تاياق-توقماقلارنى تەسۋىرلىدى: مەن ئۇلارغا مېنى ئۆلتۈرۈۋەت دەپ يالۋۇردۇم». https://www.independent.co.uk/news/world/asia/uighurmuslim-china-mihrigul-tursun-torture-reeducation-camps-a8656396.html

قازاقستان پۇقراسى گۈلزىرە ئاۋۇلقان خىتاي لاگېرلىرىدا ھەر يەرگە كامېرا ئورنىتىلغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ:«ئەگەر ھاجەتخانىدا ئىككى مىنۇتتىن ئارتۇق تۇرۇپ قالسىڭىز گۈندىپايلار توك كالتەك بىلەن بېشىڭىزغا ئۇرىدۇ. ماڭا ئىككى قېتىم يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇقتا 24 سائەت ئولتۇرۇش جازاسى بەردى»دەيدۇ.[11]



(يىغىۋېلىش لاگېرىغا سولانغان گۈلزىرە ئاۋۇلغان. -Reddit©)

لاگېردىن قۇتۇلغان يەنە بىر شاھىت ئورىنبەك كوكسىبەك، ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ 7 كۈن بىر ئورەكتە پۇت-قولى باغلانغان ھالدا قالغانلىقىنى، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئەس-ھوشىنى يوقاتقانلىقىنى، گۈندىپايلارنىڭ ئۇنىڭغا «خائىن» دەپ ۋاقىرىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.[12]



(لاگېرغا سولانغان ۋە خىتاي گۈندىپايلىرى تەرىپىدىن ئورەككە تاشلانغانلىقىنى ئېيتقان ئورۇنبەك كوكسىبەك. - (©BBC

---

[11] PBS Frontline. (2020-يىل 7-ئاپرېل). خىتاينىڭ مەخپىيەتلىكى. https://www.pbs.org/wgbh/frontline/film/china-undercover/

[12] ئابدۇجېلىل ئابدۇرەسۇلۇۋ. (2019، 12-فېۋرال). «ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش: مەن خىتاينىڭ لاگېرىدا 7 كۈن قالدىم». https://www.bbc.com/news/world-aisa-4715111

غەيرەت سەمەرقەند لاگېردا ياتقاندا ئورنىنى رەتلىك يىغىشتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن «تۆمۈر كىيىم»كىيگۈزۈلۈپ بىر كۈن جازالانغانلىقىنى، گۇندىپايلارنىڭ بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ تاقىتىنى سىنىماقچى بولغانلىقلىرىنى ئېيتىدۇ.[13] بۇ مىساللار شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان 1200 لاگېردىكى نەچچە مىليون ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان قىيىن-قىستاقلارنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلمىغان، بىلىنمىگەن، ئاشكارىلانمىغان باشقا قىيناشلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، كوممۇنىست خىتاينىڭ بىر مىللەت ئەزالىرىغا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قانداق زىيانكەشلىك قىلىۋاتقانلىقى ئايان بولىدۇ.



(لاگېرغا سولانغان غەيرەت سەمەرقەند. -©Associated Press/ Daily Mail Uk)

**2) مىللەت ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى قىسمەن ياكى تامامەن ۋەيران قىلىش**

ئامېرىكىنىڭ PBC ئورگىنى قاناللىرىدىن بىرى بولغان Frontline (ئالدىنقى سەپ) تاراتقۇسى تەييارلىغان «خىتاينىڭ مەخپىيەتلىكى»ناملىق هۆججەتلىك فىلىم بۇنىڭغا ئائىت قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ. بۇ فىلىمدە سۆز قىلغان خىتاي ئەمەلدارنىڭ «ئۇلارنىڭ كىشىلىك هوقۇقى بولمىسا نەدىن كەلگەن كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكى؟»دېگەن سۆزى ھەممىنى خۇلاسىلەپ بېرىدۇ.[14] ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە 2019-يىل 12-ئاينىڭ 3-كۈنى ماقۇللانغان ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇقى سىياسىتى قانۇنىدا خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك هوقۇقنى دەپسەندە قىلىش جىنايەتلىرى، يەنى يۇقىرى تېخنىكىلىق كۆزىتىش سىستېمىسى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى تەقىپ ئاستىغا ئېلىشى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىشى، ئىنتېرنېت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، چىراي، ئاۋاز، كۆز ئارقىلىق تونۇش سىستېمىلىرىنى قۇرۇشى قاتارلىق قىلمىشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.[15] خىتاي يۇقىرىقىدەك رەزىل ۋاستىلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز تىلى، ئۆز دىنى ۋە ئۆز مەدەنىيىتى بىلەن ياشىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەي كەلمەكتە.

---

[13] Schmitz, Rob. (2018، 13-نويابىر)، «لاگېر شاھىتى ئۇيغۇر رايوندىكى قايتا تەربىيەلەش لاگېرىنى تەسۋىرلىدى» https://www.npr.org/2018/11/13/666287509/ex-detainee-describes-torture-inchinas-xinjiang-re-education-camp

[14] PBS Frontline. (2020-يىل 7-ئاپرېل). خىتاينىڭ مەخپىيەتلىكى. https://www.pbs.org/wgbh/frontline/film/china-undercover/

[15] 2019-يىللىق ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى، 178-بەت، 116-نۆۋەتلىك دۆلەت مەجلىسى.

ئۇيغۇرلار ھازىر مەسچىت-جامەلەرگە كىرەلمەس بولغان. ئىلگىرى «دىنىڭ نېمە؟»دەپ سورالسا «ئىسلام» دەپ جاۋاب بېرىدىغان خەلق ئەمدى خىتاي كومپارتىيەسىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەيدىغان بولغان. ھەر تەرەپنى قاپلىغان كۆزىتىش سىستېمىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن خەلق گەپ قىلىشتىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ كەتكەن. Frontline ھۆججەتلىك فىلىمدە سۆز قىلغان سادىرجان، لاگېرغا سولغان ئايالىنىڭ چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ؛ ئەمما لاگېرغا كىرىشتىن ئاۋۋال بېشىغا ياغلىق ئارتىدىغان ئايالى مۇيەسسەرنىڭ لاگېردىن چىققاندىن كېيىنكى يالاڭباشتاق سۈرىتىنىڭ خىتاي تاراتقۇلىرىدا تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ ۋە ئازابلىنىدۇ. «بۇ ئۇنىڭ خىتاي كومپارتىيىسى تەرىپىدىن قانچىلىك مەجبۇرلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ شۇنچىلىك بېسىمغا دۇچ كەلگەنكى، ئۇنىڭدىن ئانىلىق مېھرى ۋە باللىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشى تەلەپ قىلىنغان» دېگەن سادىرجان بۇ زۇلۇمنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى بايان قىلىدۇ.[16]

خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرگە يۈرگۈزگەن جىنايىتىنى پاش قىلىدىغان يەنە بىر ئىسپات «قارىقاش ھۆججەتلىرى» بولۇپ، ئۇنىڭدا لاگېردا ئىجرا قىلىنىدىغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇسۇللىرى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. بۇ ھۆججەتلەردە، لاگېردىكىلەر ئاتالمىش «سۆز-ھەرىكەت جىنايىتى»گە قاراپ دەرىجىگە ئايرىلغان. بۇ جىنايەتلەرنىڭ بەزىلىرى مۇنداق: «ياغلىق ئارتىش، دوپپا كىيىش، ساقال قويۇش، ئىبادەت قىلىش، چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىش، پاسپورتقا ئىلتىماس قىلىپ قويۇپ چەت ئەلگە چىقماسلىق، چەت ئەلدە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بولۇش».[17]



(لاگېرغا سولىنىشتىن ئاۋۋالقى مۇيەسسەر، يولدىشى سادىرجان ۋە بالىسى. بۇ سۈرەت «خىتاينىڭ مەخپىيەتلىكى»ناملىق ھۆججەتلىك فىلىمدىن ئېلىنغان)

https://www.congress.gov/bill/116th-congress/senate-bill/178

[16] PBS Frontline. (2020-يىل 7-ئاپرېل). خىتاينىڭ مەخپىيەتلىكى. https://www.pbs.org/wgbh/frontline/film/china-undercover/

[17] ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى (UHRP) . (2019، فېۋرال). «ئىدىيە ئۆزگەرتىش: خوتەن قارىقاش ھۆججەتلىرىدە خاتىرىلەنگەن كەڭ-كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش». https://docs.uhrp.org/pdf/UHRP_QaraqashDocument.pdf

## ① ختايلارنىڭ ئۇيغۇرلانىڭ ئۆيلىرىدە مەجبۇرىي تۇرغۇزۇلۇشى

ختاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىمۇ كونترول قىلىش ئۈچۈن 1 مىليون 100 مىڭ ختايىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتكەن. بۇ ختايلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۆزلىرى بارغان ئۆيدە تۇرۇش، زۆرۈر تېپىلسا ئۇلار بىلەن بىر ھۇجرىدا يېتىش ۋە ئۇلارنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشىنى نازارەت قىلىش. ختاي ھۆكۈمىتى يولغا قويغان «قوشماق ئائىلە» پىلانىغا ئاساسەن ختايلار ئىككى ئايدا بىر قېتىم ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى «زىيارەت»قىلىدۇ ۋە ھەر قېتىمدا بىر ھەپتە قالىدۇ. بۇ بىر ھەپتە جەريانىدا بۇ ئائىلىگە كوممۇنىست ختايىنىڭ تەشۋىقاتىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە ئۇلارنى نازارەت قىلىدۇ؛ ھەتتا بۇ ئائىلىگە ھاراق ئىچىش، چوشقا گۆشى يېيىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەگەر بىرەر ئۇيغۇر بازاردىن گۆش ئالغاندا «بۇ ھالالمۇ؟» دەپ سورىسا ياكى ھاراق ئىچمىسە، گۇمانلىق دەپ قارىلىپ لاگېرغا يوللىنىدۇ.

«ختاي ھاكىمىيتى قوللاپ بەرگەن كوللېكتىپ جىنسىي خورلۇق»

بۇ شۇم پىلاندىكى ئەڭ خەتەرلىك ئامىل ئەرلىرى لاگېرلارغا سولانغان ئاياللارنىڭ ختاي ئەرلىرى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇشىدۇر. ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى روشەن ئابباس خانىم بۇ ئەھۋالدا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كوللېكتىپ جىنسىي خورلۇققا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.[18]





(كوممۇنىست ختاي ھۆكۈمىتى ختايلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدە تۇرۇشقا ئەۋەتتى ۋە ئۇيغۇرلارنى جىسمانىي، روھىي ۋە جىنسىي خورلۇققا مەھكۇم قىلدى. -Freedoms Herald)

---

[18]كاك داكې، ۋاڭ يانەن (2018، 29-نويابىر). «ختاي ھۆكۈمىتى 1 مىليون 100 مىڭ پارتىيە ئەزاسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشقا ئەۋەتتى».
https://www.bloomberg.com/news/articles/2018-11-30/urgent-uninvited-guests-keep-watch-for-china-inside-uighur-homes

### ② ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ خىتايلارغا مەجبۇرىي ياتلىق قىلىنىشى

ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ خىتايلارغا مەجبۇرىي ياتلىق قىلىنىشــىمۇ شــەرقىي تۈركىســتاندىكى تۇرمۇش مۇھىتىنى ۋەيران قىلىۋاتقان بىر جىنايەت. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە تۇرۇشقا كەلگەن خىتايلار بۇ ئۆيدىكى قىزلارغا كۆزى چۈشۈپ ئۇنى ئالىمەن دېيســە ئۆيدىكىلەر بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرەلمىگەن، نارازىلىق بىلدۈرســە لاگېرلارغا يوللانغان. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىســىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئالغان خىتايلارنى پۇل، خىزمەت ۋە بىكارلىق ئۆي بىلەن قىزىقتۇرغان؛ خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە بۇنداق تويغا نامزات تېپىش ئۈچۈن تاراتقۇلار ئارقىلىق كەڭ تەشــۋىقات ئېلىپ بارغان؛ تېلېۋىزىيە تىياتىرى، ئېلانلار ئىشــلىگەن.[19] خىتاي ھۆكۈمىتى ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ ئېشــىپ، بۇنداق تويلارنى ئۆتكۈزۈشــكە «جەمئىيەت بىخەتەرلىكى خادىملىرى»نى ئىشــقا ســالغان بولۇپ، بۇ خادىملارنىڭ مەقســىتى توي قىلدىغان خىتايلارغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇيغۇر قىزلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى بىلەن كۆرۈشــۈپ ئۇلارنى «قايىل قىلىش». كوممۇنىست خىتاينىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئۇيغۇر ئەرلىرىنى داۋاملىق «تېررورىست»دەپ تەشۋىق قىلسا، ئۇيغۇر ئاياللىرىنى «جىنســىي قۇل» ئورنىدا بازارغا ســېلىشقا ئۇرۇنماقتا. مانا بۇمۇ خىتايغا كۆرە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىســىنى ۋەيران قىلىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.[20]




(ئوڭ تەرەپتىكى رەســىم: ئۇيغۇر قىز بىر خىتاي ئەرگە تېگىشــكە مەجبۇر بولدى. - Talk to East Turkistan (©Facebook

(سول تەرەپتىكى رەسىم: ئۇيغۇر ئاياللىرى، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى تەشكىللىگەن كوللېكتىپ توي ئارقىلىق خىتايلارغا ئوپچە ياتلىق بولۇشقا مەجبۇر بولدى. خىتاي ھۆكۈمىتى «جەمئىيەت بىخەتەرلىكى خادىملىرى» ئارقىلىق بۇ تويغا نازارەتچىلىك قىلدى.)

### ③ مەجبۇرىي ئەمگەك

---

[19] Hartman, Leight (2020، 7-فېۋرال). «خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئاياللىرىنى ئۆزلىرى خالىمىغان تويغا زورلىماقتا».
https://share.america.gov/tr/cin-uygur-kadinlarini-istenmeyen-evliliklere-zorluyor

[20] دەررىن بايلېر. (2019، 7-ئاۋغۇست). «ئۇيغۇرلارنىڭ يات مىللەت بىلەن توي قىلىش مەزگىلىدىكى مۇھەببىتى».
https://supchina.com/2019/08/07/uyghur-love-in-a-time-of-interethnic-marriage

كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مەجبۇرىي ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىچكىرى خىتايغا ئەۋەتىشىمۇ ئىنسانىيەتكە قارشى ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتتۇر. ناتسىستلار يەھۇدىيلارنى مەجبۇرىي ئىشلەتكەندەك، خىتاي كوممۇنىستلىرىمۇ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرلاپ، ئۇلارنى مەھبۇسلار قىياپىتىدە زاۋۇتلارغا ئىشلەشكە ئەۋەتمەكتە. بۇ ھەقتە ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت تەتقىقات مەركىزى تەييارلىغان «سېتىلىۋاتقان ئۇيغۇر» ناملىق دوكلاتتا كىشىنى چۆچۈتىدىغان مەلۇماتلار بار. بۇ دوكلاتتا 80 مىڭدىن كۆپ ئۇيغۇرنىڭ لاگېرلاردىن ئېلىنىپ، نايك، ئالما قاتارلىق چوڭ شىركەتلەر ئۈچۈن مال ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلارغا ئەۋەتىلگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.[21] بۇگۈنكى تەخمىنلەرگە كۆرە، بۇ سانىنىڭ 500 مىڭدىن ئاشىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنماقتا. بۇمۇ شەرقىي تۈركىستان نوپۇس قۇرۇلمىسىنى مەجبۇرىي ئۆزگەرتىۋېتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان بىر ۋاسىتىدۇر. كۆرۈلگىنىدەك، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى تامامەن ئۆزگەرتىدىغان بىر تەرتىپ قۇرماقتا. بۇمۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ بىر تۈرىگە كىرىدۇ.



(ئۇيغۇرلار، قازاقلار ۋە باشقا تۈرك مۇسۇلمانلىرى زاۋۇتلاردا قۇل ئىشچى بولۇپ ئىشلەش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىن ئىچكىرى خىتايغا ئەۋەتىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. -سولدىكى سۈرەت Uyghur Bulletin تىۋىتتېر ھېسابىدىن؛ ئوڭدىكى سۈرەت doguturkistan.org تور بېتىدىن ئېلىندى.)

[21] . Xu, Cave, Leibold, Munro & Ruser «سېتىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار: قايتا تەربىيەلەش لاگېرى، مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە شىنجاڭدىن ھالقىغان نازارەت».
https://s3-ap-southeast-2.amazonaws.com/ad-aspi/2020-06/Uyghurs%20for%20sale
05JUN20.pdf?gLsFgI8LmxiW_.bfX8GZjgtHpA9dcK30



(ختاي ھۆكۈمتى ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشــقا تۈرك مۇســۇلمانلىرى ياشــلىرىنى شــەرقىي تۈركســتاندىن ئىچكىرى ختايدىكى زاۋۇتلارغا ئىشلەشكە ئەۋەتمەكتە.)

### ④ ختايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئىگىلىۋېلىشى





( ســول تەرەپتىكى رەســىم: ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىگە تەكشــۈرۈپ كەلگەن بىر ختاي كادىر ئۇيغۇر دېھقانغا تاماكا چېكىدىغان ياكى چەكمەيدىغانلىقىنى سورايدۇ. بۇ سۈرەت، ختاي كادىرى تەرىپىدىن ئىجتىمائىي ئالاقە تورى بولغان Meipian دە ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىسىدە تۇرۇش كەچمىشى ھەققىدىكى خاتىرىسىدىن ئېلىنغان.)

(ئوڭ تەرەپتىكى رەســىم: ئۇيغۇر ئۆيلىرىگە كىرگەن ئىككى «تۇغقان» ئۆي ئىگىســى بىلەن بىللە ياتماقتا. بۇ ســۈرەت ۋېيشىندا، شىنجاڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئالاقە سۇپىسىدا تارقالغان.)



(هۆكۈمەت خىتايلارغا پۇل بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلىشىپ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى نازارەت قىلىشقا تەشۋىق قىلدى. خىتايلار، ئېرى لاگېرلارغا قامالغان ياكى زاۋۇتلاردا قۇل ئىشچى بولۇشقا ئەۋەتىلگەن ئاياللارنىڭ ئۆيىنى ئىگىلىدى.) -Freedoms Herald©

كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى خىتايدا ئىشلەشكە ھەيدىگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىمۇ مەجبۇرىي كۆچمەن قىلىشقا باشلىغان. بۇنىڭدىكى مەقسەت، ئۇيغۇرلارنى بىر مىلياردتىن ئاشىدىغان خىتاينىڭ ئىچىگە سىڭدۈرۈۋېتىش، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى تامامەن يوق قىلىۋېتىشتۇر. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ، بۇ يەردىن كۆچۈرۈۋەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي ماكانلىرىنى بۇ خىتايلارغا بىكارلىق بەرمەكتە.

### 3) مىللەت ئەزالىرىنىڭ كۆپىيىشىنى چەكلەش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىش

شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىنى يوق قىلىش كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن بىرىنچى ۋەزىپىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى چەكلەش ۋە ئازلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نەسلىنى يوق قىلىش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانىدۇر. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىنىڭ شىددەت بىلەن تۆۋەنلىشى بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر. بۇ قىلمىشلار شەك-شۈبھىسىز ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە كىردۇ.

#### ① مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش

2018-يىل 7-ئايدا ئىككى بالىسىنى قازاقىستاندا قالدۇرۇپ، ئانا ۋەتىنىنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەن بىر خانىم (بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىسمى مەخپىي تۇتۇلدى) يولدىشىنىڭ دۆلىتى بولغان قازاقىستاندىن ئانا ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خىتاي ساقچىسى تەرىپىدىن تۇتۇلدۇ. خىتاي ساقچىسى ئۇنىڭغا قازاقىستاندىكى ئىككى بالىسىنىمۇ بۇ ياققا ئېلىپ كېلىشىنى، بولمىسا قېرىنداشلىرىنى بالاغا قويىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ خانىم بالىلىرىنىڭ مەكتەپتە ئىكەنلىكىنى

ئېيتىپ، بالىلىرى تەتىل قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىدۇ. ئۇلار قايتقان هامان پاســپورتلىرى بىكار قىلىنىدۇ، تېلېفونلىرى تارتىۋېلىنىدۇ، ۋاتســاپ ئىشــلىتىشــى چەكلىنىدۇ. ســاقچىلار دائىم ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرىدۇ ۋە پات-پات چاقىرىپ، سوراققا تارتىدۇ.

2018-يىل 12-ئاينىڭ 28-كۈنى ساقچىلار ئۇنىڭ ئۆيىنى بېسىپ، ئۇنى ساقچىخانىغا ئەمەس، دوختۇرخانىغا ئاپىرىدۇ. ئۇنىڭغا هامىلە ئىكەنلىكىنى، بالىســىنى چۈشــۈرۈۋېتىشــى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. نارازىلىق بىلدۈرســە، ئۇنىڭ ئەســلىدىلا ئىككى بالىســى بارلىقىنى، ئۈچىنچى بالىســىغا رۇخســەت قىلىنمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئارقىدىن ســاقچىلار ئۇنىڭ قېرىنداشــىنى تۇتۇپ ئەكىلىدۇ ۋە ئەگەر بالىســىنى چۈشــۈرۈۋەتمىســە قېرىنداشــىنى جازاغا تارتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ خانىم قېرىنداشــىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بالىسىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ.[22]

38 ياشلىق گۈلزىرە مويىدىن 2017-يىل 12-ئايدا قازاقىستاندىن قايتىپ كەلگەندە تېلېفونىدا ۋاتساپ بولغانلىقى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنغان. قاماققا ئېلىنغاندا ئۇنىڭ هامىلدار بولغىنىغا 10 هەپتە بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭغا تۆتىنچى بالىلىق بولۇشــقا رۇخســەت قىلىنمايدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ ۋە ناركوز قىلىنماي تۇرۇپلا بالىســى ئالدۇرۇۋېتىلىدۇ. خىتاي دائىرىلىرى 2009-يىلدا تۇتۇپ 4 يىل تۈرمىگە سولىغان رۇقىيە پەرهاتمۇ قاماققا ئېلىنغاندىن كېيىن بالىسى ئالدۇرۇۋېتىلگەن.



(گۈلزىرە مويىدىن 2018-يىل قازاقىســتاندىن قايتىپ كەلگەندە تۆتىنچى بالىســىنىڭ خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن مەجبۇري ئالدۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى بايان قىلماقتا.- ©Joel van Houdt/ For the Washington Post)

### ② لاگېردىكى ئاياللارغا قەرەللىك دورا بېرىش ۋە باسقۇنچىلىق قىلىش ۋەقەلىرى

لاگېر شــاهىتى مېهرىگۈل تۇرســۇن بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ:«ماڭا ۋە باشــقا ئايال مەهبۇســلارغا نامەلۇم دورىلارنى بېرەتتى. بۇ دورىنى ئىچكەندىن كېيىن بېشىمىز قايىتتى. ئۇزاق ئۆتمەي بىر نەچچە ئايالنىڭ هەيز كۆرۈشى توختىدى». مېهرىگۈل تۇرســۇن يەنە ئۆزى ياتقان كامېردا 9 ئايالنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.[23] فرانســىيە تاراتقۇلىرىدا ســۆزلىگەن گۈلباهار جېلىلوۋا بىر يىلدىن كۆپ ســـولانغان لاگېردا خىتاي دوختۇرلىرى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئوكۇل ئۇرۇلغانلىقىنى ۋە قانداقلارچە تۇغماس

[22] Schmitz, Rob (2018، 13-نويابىر)، «ئۇيغۇر رايونىدىكى قىيناشلارغا ئۇچرىغان ئايال: ئۇلار مېنى بالامنى چۈشۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى». https://www.npr.org/2018/11/23/669203831/they-ordered-me-to-getan-abortion-a-chinese-womans-ordeal-in-xinjiang

[23] Cockburn, Harry (2018، 28-نويابىر). «مۇسۇلمان ئايال خىتاي لاگېرىدىكى قىيىن-قىستاق ۋە تاياق-توقماقلارنى تەسۋىرلىدى: مەن ئۇلارغا مېنى ئۆلتۈرۈۋەت دەپ يالۋۇردۇم». https://www.independent.co.uk/news/world/asia/uighurmuslim-china-mihrigul-tursun-torture-reeducation-camps-a8656396.html

قىلىشۋېتىلگەنلىكىنى بىلىدۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:«قولۇلىرىمىزنى كىچىك رۇجەكتىن سىرتقا چىقىراتتۇق، مەجبۇرىي ئۇرۇلغان ئوكۇللاردىن كېيىن ئەمدى ئادەت كۆرەلمەيدىغانلىقىمىزنى بىلدۇق». گۈلباھار جېلىلوۋا بەرگەن بۇ مەلۇماتلار كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قانداق زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:«مەن خىتاي بىلەن قازاقىستان ئارىسىدا سودا قىلىۋاتقان بىر ئايال ئىدىم، شەرقىي تۈركىستانغا ئاخىرقى قېتىم بارغىنىمدا (2017) خىتاي ساقچىسى مېنى مەن ياتقان مېھمانخانىدىن ئېلىپ چىقىپ سوراق قىلدى. مېنى تۇتقاندىن كېيىن تۈرمىگە ئېلىپ باردى، تۈرمىگە كىرگەن كۈنى مېنى قىپيالىڭاچ قىلىپ قويۇشتى. ماڭا سۇمۇ بەرمەي سوراق قىلدى. سوراقتىن كېيىن باشقا تۈرمىگە يۆتكەلدىم. ئۇ يەردە 1 يىل 3 ئاي 10 كۈن ياتتىم. قاماققا كىرگەن كۈنى مېنى يەنە قىپيالىڭاچ قىلىپ تەكشۈردى. ھاملدار ياكى ئەمەسلىكىمنى ئېنىقلاش ئۈچۈن قېنىمنى تەكشۈردى. كېيىن ھاملدار ئاياللارنىڭ بالىسىنى مەجبۇرىي چۈشۈرۈۋېتىپ ئاندىن قاماققا سولايدىغانلىقىنى بىلدىم. كامېردىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدا كويزا، پۇتىدا ئىشكەل بار ئىدى. مېنىڭ قولۇمغىمۇ كويزا ۋە پۇتۇمغا 5 كىلو ئېغىرلىقتىكى ئىشكەل سالدى. تۈرمىدە 16 ئاي مۇشۇنداق قالدىم. ھەپتىدە بىر قېتىم قىپيالىڭاچ ھالدا سېمونتقا ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى. نامەلۇم دورىلارنى بېرەتتى، ھەر 10 كۈندە بىر قېتىم ئوكۇل ئۇراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن سېزىمىمىزنى يوقىتىپ، ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇشقا باشلىدۇق. مەينەت جايدا تۇرغانلىقىمىز، يۇيۇنالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بەدىنىمىز كىرلىشىپ، چاچلىرىمىز پىتلىشىپ كەتتى. كامېردىكى ئاياللارنى سوراق قىلغىلى ئەچىقسا بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرەتتى، بەزىدە 24 سائەت، بەزىدە 48 سائەت توختىماي قىينايتتى. سوراقتىن كەلگەنلەر تىرناقلىرى يۇلۇنغان، بەدەنلىرى تاياقتىن كۆكىرىپ كەتكەن، يۈز-كۆزلىرىگە قامچا تەگكەن، توك تەپكۈزۈلگەن ئىزلار ۋە قانلارغا تولغان ھالەتتە كېلەتتى».[24]

قازاقىستاندا ياشاۋاتقان تۇرسۇنئاي زىياۋدۇن شەرقىي تۈركىستانغا تۇغقان يوقلاپ كەلگەندە تۇتۇلۇپ، لاگېردا 10 ئاي ياتقان بولۇپ، لاگېردىكى كامېرالارنىڭ ئاياللارنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە كەچلەردە گۇندىپايلارنىڭ لاگېردىكى ياش قىزلارنى ئەچىقىپ كېتىپ، بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن قايتۇرىدىغانلىقىنى، بۇ قىزلارنىڭ قاراڭغۇدا بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ ئۈن چىقارماي يىغلايدىغانلىقىنى، ھېچكىمگە بىر نەرسە دېيەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.[25] بۇ يەردە قىسقىچە بېرىلگەن مىساللار كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قىلغان ئىپلاسلىقلىرى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە كىرىدىغان ۋەھشىيلىكلىرىنىڭ پەقەت ئازغىنە بىر كۆرۈنۈشىدۇر. خىتاينىڭ تەھدىتى ۋە بېسىمى ئاستىدا قالغان كۆپلىگەن شاھىتلار ئۆزىنىڭ كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى تېخى تولۇق ئاشكارىلىغان ئەمەس.

[24]مۇستافا بەگ. (2019، 14-ئاۋغۇست). «شەرقىي تۈركىستانلىق ئاياللار: خىتاي بىزگە لاگېردا بەرگەن دورا-ئوكۇللار بىلەن بىزنى تۇغماس قىلدى». https://tr.euronews.com/2019/08/14/dogu-turkistanli-kadinlar-cin-toplama-kampinda-verdigi-ilcac-ve-ignelerle-bizi-kisirlastirdi

[25] Rajagopalan, Megha (2020، 15-فېۋرال)، «ئۇ خىتاينىڭ مۇسۇلمانلارغا قۇرغان قورقۇنچلۇق جازا لاگېرىدىن قاچتى، ئەمدى قايتۇرۇلۇشى مۇمكىن». https://www.buzzfeednews.com/article/meghara/china-uighur-xinjiang-kazakhstan




(تۇرسۇنئاي زىياۋدۇن، 2019-يىل 10-ئاينىڭ 15-كۈنى ئاتا يۇرت قازاق ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى ئىشخانىسىدا ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلماقتا. ئۇزى ۋە يولدىشىنىڭ پاسپورتى ختاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن دەسلەپتە بىر ئاي ئەتراپىدا لاگېردا (ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»دە) تۇتۇپ تۇرۇلغان. Art of Life in Chinese Central ©Asia

**4)مىللەت پەرزەنتلىرىنى يات مىللەتنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش**

شەرقىي تۈركىستاندا 2014-يىل لاگېرلار قۇرۇلۇشقا باشلىغاندا دەسلەپتە يۇرتنىڭ چوڭلىرىدىن باشلاپ مىليونلارچە ئىنسان لاگېرلارغا قاملىشقا باشلىغان. بۇ مەزگىلدە بالىلار ئەڭ چوڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بولغان. كوممۇنىست ختاي ھۆكۈمىتى بىر ياقتىن بالىلارغا ئىبلىس قولىنى سۇنسا، بىر ياقتىن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۇلارنى ئائىلىسىدىن ئايرىپ، ئۆز دائىرىسىدىكى يېتىمخانىلەرگە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، بۇگۈنگە قەدەر 500 مىڭدىن كۆپ بالىلارنىڭ يېتىمخانىلەرگە بەنت قىلىنغانلىقى پەرەز قىلىنماقتا. بۇمۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە چۈشىدىغان قورقۇنچلۇق قىلمىشتۇر.

**① ئاتا-ئانىسىنى لاگېرلارغا، بالىلىرىنى يېتىمخانىلارغا سولاش**

ئانىسىدىن كىچىك ئايرىۋېتىلگەن بىر بالىنىڭ كېيىن ئانىسىنى كۆرگەندە تونۇمىغانلىقى ھەققىدە ئېلىنغان سىن كۆرۈنۈشلىرى ختاينىڭ بۇ پىلاندا قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. قەشقەر كونىشەھەردە يۈز بەرگەن بىر ۋەقە بۇنىڭ باشقا بىر مەسىلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جايدىكى ختاي ئەمەلدارلار:«يېقىنقى مەزگىلدە ئېلىپ كېلىنگەن ئۇيغۇر بالىلارنىڭ سانىدا ئۆرلەش بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 6 ئايلىق بوۋاقلارمۇ، 12 ياشلىق بالىلارمۇ بار»دەپ ئۇچۇر بەرگەن. ئۇ يەردە ئىشلەۋاتقان بىر ئۇيغۇر، يېتىمخانىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ:«بالىلارنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاتا-ئانىلىرىغا

بىلدۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇ باللار قۇشقاچمۇ كىرەلمەيدىغان مەھكەم بىنالاردا تۇرىدۇ» دېگەن.[26] كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى بۇ ھەقتە تەييارلىغان دوكلاتتا، 2020-يىلغىچە بارلىق يېتىم باللارنىڭ دۆلەت يېتىمخانىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن ۋە «بۇ باللارنىڭ، ئاتا-ئانىسى لاگېرلارغا سولانغان باللار ئىكەنلىكى ئېنىق» دېيىلگەن، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ خىتاي ئىشلىرى مەسئۇلى سوفىيە رىچاردسون خانىم بۇ ھەقتە توختىلىپ:«مۇسۇلمان تۈرك پەرزەنتلىرى بۇ يەردە راھەت ياشايدۇ دەپ ئائىلىلىرىدىن ئايرىۋېتىلمەكتە. بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەزىل پىلانىنىڭ بىر قىسمىدۇر»دېگەن.[27]

## ② باللارنى خىتايچە تەربىيەلەش

گېرمانىيەلىك تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنىز: «ياتاقلىق مەكتەپلەر ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك مۇھىت ھازىرلىغان»دېيىش ئارقىلىق، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[28]




(خىتاي دۆلەت يەسلىلىرىگە (يېتىمخانىلىرىگە) ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇر باللىرى. بۇ باللار ھايات ياشاۋاتقان، ئەمما لاگېرلارغا سولانغان ياكى زاۋۇتلاردا قۇل ئورنىدا ئىشلەۋاتقان ئاتا-ئانىلارنىڭ باللىرىدۇر.) - ©Freedoms Herald

ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ئاتا-ئانىسى ھايات بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى دۆلەت يەسلىلىرىگە (يېتىمخانىلىرىگە) ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ يەسلىلەر تىكەنلىك سىملار، كۆزىتىش مۇنارلىرى ۋە قوراللىق قاراۋۇللار بىلەن قوغدىلىپ تۇرىدۇ. ©Independent

كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر باللىرىنى ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتىپ، ئاندىن خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆز تىلى، دىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۇنۇتتۇرۇپ، كوممۇنىستىك مائارىپ ئىدىيىسى بويىچە تەربىيەلىمەكتە. ئۆزىنىڭ خىتايلىرى

---

[26] UYHAM. (2017، 18-ئۆكتەبىر)، «خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارنى لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە قاماپ، باللىرىنى ئېلىۋېلىپ خىتايلاشتۇرماقتا». دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى. https://www.uyghurcongress.org/tr/cinuygur-anababalari-hapsediyorcocuklarini-isecine-goturerek-assimile-ediyor/

[27] ئەمرە ئايتېكىن. (2018، 17-ئۆكتەبىر). «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىدىن يېتىم ئۇيغۇر باللىرى ئاگاھلاندۇرۇشى. https://www.aa.com.tr/tr/dunya/hrwden-yetim-uygur-cocuklar-uyarisi/1284699

[28] ئەمرە ئايتېكىن. (2018، 17-ئۆكتەبىر).

يۈز يىللاردىن بۇيان كىيمەي كەلگەن ئەسكى چاپانلىرىنى كىيدۈرۈپ، ئاتالمىش خىتاي مەدەنىيىتىنى تاڭماقتا. بالىلارنىڭ زېھنى ئوچۇق بولغان ئالتۇن دەۋرىدىن پايدىلىنىپ بىر تەرەپتىن خىتاي مەدەنىيىتىنى سىڭدۈرسە، بىر تەرەپتىن ئىلگىرى ئاتا-ئانىسى تەرىپىدىن ئۆگىتىلگەن دىنىي ساۋاتلارنى زىيانلىق «ۋىرۇس»دەپ كۆرسىتىپ، بۇ بالىلارنىڭ مېڭىسىنى يۇيماقتا.

## 5. تەكلىپلەر

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋە شـاھىتلارنىڭ بىۋاسـىتە گۇۋاھلىقىغا تايانغان پاكىتلار شـۇنى كۆرسـىتىدۇكى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا يۈرگۈزۈۋاتقان قەبىھ قىلمىشلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسـى»دا كۆرسـىتىلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە كىرىدۇ. كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ۋە يوقىتىش ئۈچۈن تا ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ۋە ئۆلارنى قىيناشـنى توختاتمىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزى قول قويغان يۇقىرىقى ئەھدىنامىنى يەنە ئۆز قولى بىلەن بۇزماقتا ھەم دەپسەندە قىلماقتا. شۇ سەۋەبتىن، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سېكرىتارى شى جىنپىڭ ۋە ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پارتكومىنىڭ سېكرىتارى چېن چۇەنگو ۋە باشـقا خىتاي ئەمەلدارلىرى يۇقىرىقى جىنايەتنىڭ جاۋابكارلىرىدۇر ۋە بۇنىڭغا ھېساب بېرىشى كېرەكتۇر.

بۇنىڭ قەدەم باسـقۇچلىرى تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ. خىتاينىڭ بۇ جىنايەتلىرىنى تەكشـۈرۈش ئۈچۈن خەلقئارا بىر ئۆمەك قۇرۇلۇشـى ۋە بۇ ئۆمەك ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىشـى كېرەك. بىرمىدىن قاچقان ئاراكانلىق مۇسـۇلمانلارغا يۈرگۈزۈلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى گامبىيە ئارقىلىق خەلقئارا سـوتقا سـۇنۇلغان. مۇسـۇلمانلار كۆپ سـانلىقنى تەشـكىل قىلىدىغان گامبىيە ئىسـلام بىرلىكى تەشـكىلاتىغا ۋاكالىتەن بۇ دەۋانى ئاچقان. شـۇنىڭدەك، شـەرقىي تۈركىسـتاندا يۈز بەرگەن، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا كىرىدىغان بۇ جىنايەتلەر ئىسلام ھەمكارلىقى تەشكىلاتى تەرىپىدىن خەلقئارا سوتقا سۇنۇلۇشى كېرەك.

كوممۇنىسـت خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئاياغلاشـتۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئورۇنلاش كېرەك.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى

- بىرلەشـكەن دۆلەتلەر تەشـكىلاتى خىتاينىڭ ب د ت كىشـىلىك ھوقۇق كېڭەشـىدىكى ئەزالىقى ۋە ۋەكىللىكىگە دەرھال خاتىمە بېرىشى كېرەك.

- بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى شەرقىي تۈركىستاندىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنى قۇل قىلىپ ئىشلىتىۋاتقان زاۋۇتلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۆمەك ئەۋەتىشى، بۇ ئۆمەك چوقۇم مۇستەقىل بولۇشى، خىتاينىڭ توسقۇنلۇقى ۋە كۆز بوياماچىلىقىغا ئۇچرىمايدىغان بولۇشى كېرەك.

- ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى بېكىتىش ئۈچۈن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئۆز قارىمىقىدىكى ئىسلام ھەمكارلىقى تەشكىلاتى ۋە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كومىتېت قۇرۇشى كېرەك. بۇ كومىتېت تەييارلايدىغان دوكلات ھېچ كېچىكتۈرۈلمەستىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ياكى ئىسلام ھەمكارلىقى تەشكىلاتىغا ۋاكالىتەن ھەرىكەت قىلىدىغان بىر دۆلەت تەرىپىدىن خەلقئارا سوتقا سۇنۇلۇشى كېرەك.

- مەزكۇر كومىتېت ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا خىتاينىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى سەۋەبىدىن بېسىم ئىشلىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ھەمدە بۇنى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتكە باغلاپ قويۇشقا يول قويماسلىقى كېرەك.

- بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىپ، دۆلەت يېتىمخانىلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلمىشىنى توختىتىشى كېرەك. ئائىلىسىدىن ئايرىلغان بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىغا بالدۇرراق قايتىشى كېرەك.

- شەرقىي تۈركىستاندا كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت سىستېمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ۋە بۇ سىستېمىنى خىتايغا تەمىنلىگەن شىركەتلەر كىشىلىك ھوقۇق جىنايىتىگە يانتاياق بولغانلىق قىلمىشى بىلەن جازالىنىشى كېرەك.

- خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بوش قالغان ئۆي-زېمىنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش دەرھال توختىتىلىشى كېرەك.

- بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن قەبىھ زوراۋانلىقنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ تونۇشى كېرەك.

- بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ **111**-نومۇرلۇق، **1959**-يىللىق قارارىدىن ئۈرنەك ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى «ئىشغال قىلىنغان زېمىن» دەپ تونۇشى كېرەك.

ياۋروپا پارلامېنتى

- ياۋروپا پارلامېنتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئامېرىكىدا چىققان «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لايىھەسى» ۋە «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇن لايىھەسى»گە ئوخشاش قانۇنلارنى چىقىرىشى كېرەك.

- ياۋروپا پارلامېنتى لاگېرلارنى قۇرۇشــتا، ئىجرا قىلىشــتا ۋە ئۇنى قوغداشــتا ۋەزىپە ئۆتىگەن خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن كىشىلىك ھوقۇقنا تاجاۋۇز قىلغانلىقى ئىسپاتلانغان ۋە قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن شىركەت خوجايىنلىرىغا قارشى ماگنىتسكى قانۇنىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك.

- ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر خىتاينىڭ كىشــىلىك ھوقۇقنا تاجاۋۇز قىلغانلىقى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئەيىبلەپ، 2022-يىل بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىغا قاتناشماسلىقى كېرەك.

## دېموكراتىك دۆلەتلەر

- دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى خىتاي تەرىپىدىن تارىخىي ھەقىقەتكە خىلاپ ھالدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتالغان شەرقىي تۈركىستاندا ۋاكالەت ئورنى ۋە كونسۇلخانا ئېچىش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىشى كېرەك.

- دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ باشــلىقلىرى كوممۇنىســت خىتاينىڭ زۇلمىدىن قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىگە ئىشىك ئېچىپ بېرىشى ۋە ئۇلارنىڭ پاناھلىق تىلەش ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى كېرەك.

## مائارىپ ئورۇنلىرى

- ئۇنىۋېرســىتېتلارنى ئاساس قىلغان بارلىق مەكتەپلەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇيالىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئوقۇش مۇكاپاتى ۋە ياتاق تەسىس قىلىشى كېرەك.

- تەتقىقات ئىنســتىتۇتلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان ۋە كېيىنكى يىللاردا «تىل تەربىيەلەش ۋە مەدەنىيەت ئالماشــتۇرۇش» نىقابىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان كۇڭزى ئىنســتىتۇتلىرىنى تاقىشى كېرەك.

## ئاممىۋى تەشكىلاتلار

- شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنى كۆزىتىۋاتقان ۋە بۇ توغرۇلۇق پائالىيەت قىلىۋاتقان ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئۆز پائالىيەتلىرى داۋامىدا سىياسىي ئاتالغۇلارنى ئىسلاھ قىلىشى، تولا چاپلىنىپ مەنىسى قالمىغان ئۇقۇملارنىڭ ئورنىغا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەقىقىي ئاتالغۇلارنى قوللىنىشى كېرەك.

### باشقا خەلقئارالىق تەشكىلاتلار

- ئىسلام ھەمكارلىقى تەشكىلاتى شەرقىي تۈركىستاننى «ئىشغال قىلىنغان زېمىن»دەپ تونۇشى كېرەك.
- ئىسلام ھەمكارلىقى تەشكىلاتى 2019-يىل ئەبۇ دەبىدە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا ئوتتۇرىغا قويغان، خىتاينىڭ قىلمىشلىرىنى قوللايدىغان قارارلىرىدىن ۋاز كېچىشى، بۇنىڭ ئورنىغا خىتاينىڭ ئىسلام دىنىغا قىلىۋاتقان ھۇجۇمىنى ئەيىبلىشى كېرەك.

### شىركەتلەر

- شىركەتلەر، ئۇيغۇرلارنى قۇل ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقان زاۋۇتلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، باشقا يول تېپىشى كېرەك.
- شىركەتلەر ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرىدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ئارىلىشىپ قالماسلىق ھەققىدە ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن زۆرۈر لېكسىيەلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشى كېرەك.

### شەخسلەر

- ھەر بىر شەخس شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار قۇلدەك ئىشلەۋاتقان زاۋۇتلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بايقۇت قىلىشى ۋە بۇنى ئالاقىدار شىركەتلەرنىڭ خوجايىنلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا بىلدۈرۈشى كېرەك.
- دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىلەر ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بۇ جىنايەتلەرنى سادىر قىلغانلارنى جازالاش ئۈچۈن ئۆز رايونىدىكى پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىشى كېرەك.

- ئۇيغۇر دەۋاسىنى ماگدۇرۇش ئۈچۈن لوبىچىلىق قىلىش (ھەيدەكچى كۈچلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش) ۋە خالىس ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇش كېرەك.
- كىشىلەر ۋە گۇرۇپپىلار ئۇيغۇرلارنىڭ بالدۇرراق ھۆرلۈككە ئېرىشىشى، ئېتىقاد ۋە ئىبادىتىدە ئەركىن بولۇشى، ئۆز مەدەنىيىتىگە ئىگە چىقىشى ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەك.

## 6. نەتىجە ۋە خۇلاسە

پۈتۈن دۇنيا 2020-يىل خىتايدىن چىققان ۋە كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ۋاقتىدا تەدبىر ئېلىنماي ھەر ياققا يامراپ كەتكەن كورونا ۋىرۇسى ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشقا سالدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك، ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم سېلىشنى داۋاملاشتۇردى. بۈگۈن شەرقىي تۈركىستاندا قانداق قورقۇنچلۇق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس. دۇنيا خەلقى بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن مىساللار بىلەنمۇ ئۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ دەرىجىسىنى بىلەلمەيدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ھەتتا ئاشكارىلانغان خەۋەرلەرنىمۇ ئىنكار قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما خىتاي ھامان بىر كۈنى، لاگېرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنىڭ ھېسابىنى بېرىدۇ. بولۇپمۇ، خىتايدىن چىققان ۋابا خىتاينىڭ بۇ دۇنيانى قانداق مونوپول قىلىۋالغانلىقىنى تونۇشقا پۇرسەت بەردى، كۆپلىگەن دۆلەتلەر خىتايدىن ھېساب سوراۋاتىدۇ.

ئەمما ئۇيغۇرلار پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا ئىشغالىيەت ئاستىدىكى پەلەستىن خەلقىگە ئوخشاش، ھەتتا ئۇنىڭدىن بەتتەر قىسمەتكە دۇچار بولۇۋاتىدۇ. بۇ بىر خەلقئارا دەۋادۇر، باشتا ئىسلام دۇنياسى ۋە باشقا بارلىق دۆلەتلەر ۋاقتىدا ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە باشقا خەلقئارا ئورگانلار خىتايغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇيغۇر خەلقىگە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تەكشۈرۈش قەدىمىنى بېسىشى كېرەك. بۇ جىنايەتلەر خەلقئارا بىر كومىتېت تەرىپىدىن ئاشكارىلىنىشى ۋە بۇ جىنايەتنىڭ جاۋابكارلىرى خەلقئارا سوتتا سوراققا تارتىلىشى كېرەك. بولمىسا ئۇيغۇر رەھبەرلىرىدىن مەرھۇم ئىسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئېيتقاندەك:«خەلقىم بۈيۈك بىر ھالاكەت خەۋپىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئەگەر بۇ خەتەردىن قۇتۇلالمىسا يوقاپ كېتىدۇ».

مەنبەلەر:

1. ئابدۇجېلىل ئابدۇرەسۇلۇۋ. (2019، 12-فېۋرال). «ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش: مەن خىتاينىڭ لاگېرىدا 7 كۈن قالدىم». BBC. https://www.bbc.com/news/world-aisa-4715111

2. ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىن. (1985). ئەسىر شەرقىي تۈركىستان: ئىسا يۈسۈپ ئالىپ تېكىننىڭ كۈرەش ئەسلىملىرى. ئىستانبۇل، تۈركىيە.

3. ئەمرە ئايتېكىن. (2018، 17-ئۆكتەبىر). «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىدىن يېتىم ئۇيغۇر باللىرى ئاگاھلاندۇرۇشى. https://www.aa.com.tr/tr/dunya/hrwden-yetim-uygur-cocuklar-uyarisi/1284699

4. مۇستافا بەگ. (2019، 14-ئاۋغۇست). «شەرقىي تۈركىستانلىق ئاياللار: خىتاي بىزگە لاگېرىدا بەرگەن دورا-ئوكۇللار بىلەن بىزنى تۇغماس قىلدى». https://tr.euronews.com/2019/08/14/dogu-turkistanli-kadinlar-cin-toplama-kampinda-verdigi-ilcac-ve-ignelerle-bizi-kisirlastirdi

5. دەررېن بايلېر. (2019، 7-ئاۋغۇست). «ئۇيغۇرلارنىڭ يات مىللەت بىلەن توي قىلىش مەزگىلدىكى مۇھەببىتى». https://supchina.com/2019/08/07/uyghur-love-in-a-time-of-interethnic-marriage

6. Cockburn, Harry (2018، 28-نويابىر). «مۇسۇلمان ئايال خىتاي لاگېرىدىكى قىيىن-قىستاق ۋە تاياق-توقماقلارنى تەسۋىرلىدى: مەن ئۆلارغا مېنى ئۆلتۈرۈۋەت دەپ يالۋۇردۇم». https://www.independent.co.uk/news/world/asia/uighurmuslim-china-mihrigul-tursun-torture-reeducation-camps-a8656396.html

7. ئىرقىي قىرغىنچىلىق. https://www.un.org/en/genocideprevention/genocide.shtml

8. Hartman, Leight (2020، 7-فېۋرال). «خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئاياللىرنى ئۆزلىرى خالىمىغان تويغا زورلىماقتا». https://share.america.gov/tr/cin-uygur-kadinlarini-istenmeyen-evliliklere-zorluyor

9. خاۋ شيۇەن (2020)، «خىتاينىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى».. Springer, Singapore.

10. كاك داكې، ۋاڭ يانەن (2018، 29-نويابىر). «خىتاي ھۆكۈمىتى 1 مىليون 100 مىڭ پارتىيە ئەزاسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشقا ئەۋەتتى». https://www.bloomberg.com/news/articles/2018-11-30/urgent-uninvited-guests-keep-watch-for-china-inside-uighur-homes

11. باھادىر ئۆزئارسلان (2014)، «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى نۇقتىسىدىن خوجائەلى قەتلئامى»، ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتى ژۇرنىلى. http://www.hukukdergi.hacettepe.edu.tr/dergi/C4S1makale9.pdf

12. PBS Frontline. (2020-يىل 7-ئاپرېل). خىتاينىڭ مەخپىيەتلىكى. https://www.pbs.org/wgbh/frontline/film/china-undercover/

13. Rajagopalan, Megha (2020، 15-فېۋرال)، «ئۇ خىتاينىڭ مۇسۇلمانلارغا قۇرغان قورقۇنچلۇق جازا لاگېرىدىن قاچتى، ئەمدى قايتۇرۇلۇشى مۇمكىن». https://www.buzzfeednews.com/article/meghara/china-uighur-xinjiang-kazakhstan

14. Schmitz, Rob. (2018، 13-نويابىر)، «لاگېر شاھىتى ئۇيغۇر رايونىدىكى قايتا تەربىيەلەش لاگېرنى تەسۋىرلىدى» https://www.npr.org/2018/11/13/666287509/ex-detainee-describes-torture-inchinas-xinjiang-re-education-camp

15. Schmitz, Rob (2018، 13-نويابىر)، «ئۇيغۇر رايونىدىكى قىيناشلارغا ئۇچرىغان ئايال: ئۇلار مېنى بالامنى چۈشۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى». https://www.npr.org/2018/11/23/669203831/they-ordered-me-to-getan-abortion-a-chinese-womans-ordeal-in-xinjiang

16. تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى (TBMM)كىشىلىك ھوقۇقنى تەكشۈرۈش كومىتېتى . ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى. ئاممىۋى تەپتىش ئورگىنى. https://www.ombudsman.gov.tr/contents/files/32702-Soykirim-Sucunun-Onlenmesine-Ve-Cezalandirilmasina-Dair-Sozlesme.pdf

17. ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى (UHRP) . (2019، فېۋرال). «ئىدىيە ئۆزگەرتىش: خوتەن قارىقاش ھۆججەتلىرىدە خاتىرىلەنگەن كەڭ-كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش». https://docs.uhrp.org/pdf/UHRP_QaraqashDocument.pdf

18. 2019-يىللىق ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى، 178-بەت، 116-نۆۋەتلىك دۆلەت مەجلىسى. https://www.congress.gov/bill/116th-congress/senate-bill/178

19. UYHAM . (2017، 18-ئۆكتەبىر)، «ختاي ھۆكۈمتى ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارنى لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە قاماپ، باللىرىنى ئېلىۋېلىپ ختايلاشتۇرماقتا». دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى.
https://www.uyghurcongress.org/tr/cinuygur-anababalari-hapsediyorcocuklarini-isecine-goturerek-assimile-ediyor/

20. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى (2019). «شەرقىي تۈركىستان». https://www.uyghurcongress.org/en/east-turkestan-2/

21. Xu, Cave, Leibold, Munro & Ruser . «سېتىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار: قايتا تەربىيەلەش لاگېرى، مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە شىنجاڭدىن ھالقىغان نازارەت». https://s3-ap-southeast-2.amazonaws.com/ad-aspi/2020-06/Uyghurs%20for%20sale 05JUN20.pdf?gLsFgI8LmxiW_.bfX8GZjgtHpA9dcK30